شادلىق كىتابچىسى ②

# سىماگۇاڭ



قىزىلسۋ قىرعىز نەشرياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرياتى

翻　　译：地里木拉提·力提甫
责任编辑：艾尼瓦·库迪力克
责任校对：买哈巴·买买提
书籍设计：党　红

拇指乐丛书②

**司马光**（维吾尔文）

克孜勒苏柯尔克孜文出版社
新 疆 电 子 音 像 出 版 社 出版
乌鲁木齐市西虹西路 36 号　邮政编码：830000
（出版物研发营销中心　　话：0991-7910393）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
889 mm × 1194 mm　48 开　1.5 印张
2008 年 11 月第 1 版　2008 年 11 月第 1 次印刷
ISBN 978-7-5374-0679-6　总定价：6.60 元（全三册）



شىمالىي سۇڭ  سۇلالىسى دەۋرىدە، بىر بىلىملىك بالا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى سىماگۇاڭ ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا تىرىشچان، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بالا ئىكەن.



سىماگۇاڭ دائىم دوستلىرى بىلەن بىللە ئوينايدىكەن.





چوڭلار دائىم بالىلارغا: «ئوينىغان چاغدا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش كېرەك» دەپ جېكىلەيدىكەن.




سىماگۇاڭ چوڭلارنىڭ گېپىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپتۇ. لېكىن بىر بالا چوڭلارنىڭ نەسىھىتىـ
ـنى ئاڭلىماپتۇ. ئۇ بالا ئېگىزگە يامىشىپ چىقىپ ئويناشنى ياخشى كۆرىدىكەن.



بىر كۈنى سىماگۇاڭ دوستلىرى بىلەن بىللە ئويناپتۇ.



ئويناۋېتىپ، ھېلىقى بالا يەنە دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.





ئارقىدىن، ئۇ دەرەخ شېخىغا دەسسەپ تامنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ.



ئۇ تام ئۈستىدە ئولتۇرۇپ: «مېنى تۇتالمايسىلەر! مېنى تۇتالمايسىلەر!» دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.





ئۇ بالا ئوينىغانسېرى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، ھەتتا تام ئۈستىدە مېڭىشقا باشلاپتۇ، تۇيۇقسىز ئۇ بالا تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، تام ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ.





«دۈڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن، ئۇ بالا باشچىلاپ تام بۇلۇڭىدىكى ئىدىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ.





بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ، نەق مەيداندىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ھاڭ-تاڭ قاپتۇ.



سىماگۇاڭ دەرھال بىر بالىنى ئۆيگە بېرىپ چوڭلارنى چاقىرىشقا ئەۋەتىپ، ئۆزى ئىدىشنىڭ يې-نىغا بېرىپتۇ.



سىماگۇاڭ ئىدىشنى ئىتتىرىپ يىقىتىشقا ئۇرۇنۇپتۇ، لېكىن لىق سۇ ئېلىنغان ئىدىش بەك ئېغىر بولغانلىقتىن، ئۇنى پەقەتلا ئىتتىرگىلى بولماپتۇ.



سىماگۇاڭ يەنە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىدىشنى يىقىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما چوڭ ئىدىش قىلچە مىدىرلىماپتۇ.



قانداق قىلىش كېرەك؟ چوڭلارنى ساقلىسا، ئۈلگۈرەلمەسلىكى مۇمكىن.





جىددى پەيتتە، سىماگۇاڭنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ، ئۇ تاشتىن بىرنى كۆتۈرۈپ، ئىدىشنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.





سىماگۇاڭ تاشنى كۆچەپ ئىدىشقا قارىتىپ ئېتىپتۇ. «قاراس - قۇرۇس» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئىدىش تېشىلىپ، سۇ شىرىلداپ ئېقىپ چىقىپتۇ.



ئىدىشتىكى سۇ ئېقىپ تۈگىشى بىلەن، ئۇ بالىنىڭ بېشى تېشىلگەن ئىدىش ئېغىزىدىن كۆرۈنۈپتۇ.





سىماگۇاڭ ئۇ بالىنى تېشىلگەن ئېغىزدىن تارتىپ چىقىرىپتۇ.





بۇ ۋاقىتتا، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان چوڭلار ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كەپتۇ.




كۆپچىلىك ئىدىشقا چۈشۈپ كەتكەن بالىنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەممىسى
خاتىرجەم بوپتۇ.





كۆپچىلىك سىماگۇاڭنىڭ ئىدىشنى چېقىپ ئادەم قۇتقۇزغانلىق جەريانىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى باش بارمىقىنى چىقىرىپ، سىماگۇاڭنى ئەقىللىق، باتۇر بالا دەپ ماختاپتۇ.